

# ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى

# 維吾尔十二木卡姆



# كىرىش سۆز

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئابى چەشمە، ئىشرەت ئەنگىز ۋە مۇستەھزاتىنىڭ CD پىلاستىنكىسى ۋە قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلىپ، جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلدى. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر، ئەمگەكچان، ئىجادچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكا تىلى بىلەن بايان قىلىدىغان بەدىئىي قامۇس. ئابى چەشمە، ئىشرەت ئەنگىز، مۇستەھزات قاتارلىق قىممەتلىك تارىخىي مىراسلىرىمىز توغرىسىدا 18-ئەسىردە ئۆتكەن خوتەنلىك مۇقامشۇناس ئىسمەتۇللا ئىبنى مۆجىزى ئۆزىنىڭ «تارىخىي مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە مۇقام ئۇستازى ئامانىسساخانىنىڭ «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامى قاتارلىق تۆت ئەسىرىنىڭ بارلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان.

ئىشرەت ئەنگىز (شادلىق قوزغىغۇچى) مۇقامى ئون بىر ئاھاڭ، 112 مىسرا شېئىردىن تەركىب تاپقان. ئابى چەشمە (كۆز ياش بۇلاقلىرى) ئون ئىككى مۇقام تەركىبىدىكى ھەر بىر مۇقامنىڭ خاتىمىسى بولۇپ، ئون ئالتە ئاھاڭ، 144 مىسرا شېئىردىن تەركىب تاپقان. مۇستەھزات ئون ئىككى مۇقام چوڭ نەغمە قىسمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، 13 ئاھاڭ، يۈز مىسرا شېئىردىن تەركىب تاپقان. بۇ ئۈچ ئەنگۈشتەر جەمئىي 41 ئاھاڭ، 356 مىسرا كلاسسىك شېئىر بىلەن مۇجەسسەملەنگەن.

ئابى چەشمىنىڭ CD پىلاستىنكىسى ۋە قاپلىق ئۈن ئالغۇ لېنتىسىدا ھەر بىر ئابى چەشمىنىڭ قايسى مۇقامنىڭ ئابى چەشمىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ھەر بىر مۇقامنىڭ مۇقەددىمىسىدىن ئارىيە بېرىلدى.

ئابى چەشمە، ئىشرەت ئەنگىز، مۇستەھزاتتىن ئىبارەت ئۈچ ئەنگۈشتەر 1950-يىل 3-ئايدا مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ تەشكىللىشى ئارقىسىدا ئاتاقلىق مۇقام پېشىۋالىرىدىن قاسىم ئاخۇن ئەلنەغمىچى، روزى ئاخۇن قالۇنچىلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشى بىلەن قەشقەردە سىنغا ئېلىنغان. كېيىنكى چاغلاردا يەنە قەشقەردە روزى ئاخۇن قالۇنچىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا كۆچۈرۈلگەن. 1952-يىل بۇ ئۈچ ئەنگۈشتەر ئىچىدىكى يەتتە ئاھاڭنى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن كۆچۈرۈپ ئارخىپدا ساقلىغان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مۇقام تەتقىقاتچىلىرى، ئالىملىرى ۋە ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئەستايىدىل ئىزدىنىشى، جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈشى ئارقىسىدا، بۇ ئۈچ ئەنگۈشتەر رەتلىنىپ، تەتقىق قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈلدى.

ئابى چەشمە، ئىشرەت ئەنگىز، مۇستەھزاتتىن ئىبارەت قىممەتلىك تارىخىي مىراسلارنىڭ مەخسۇس CD پىلاستىنكىسى ۋە قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسى قىلىپ ئىشلىنىشى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى تارىخىدىكى يەنە بىر قېتىملىق كاتتا ئىش، شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ مەدەنىي ھاياتىدىكى خۇشاللىنارلىق زور ئىش.

بۇ قىممەتلىك "ئۈچ ئەنگۈشتەر"نى ساقلاپ ئىلمىي تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن ھەر جەھەتتىن ياردەم بەرگەن قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە، ئاتاقلىق مۇقام پېشىۋاسى مەرھۇم روزى ئاخۇن قالۇنچىغا، سەپەر ھۇسەيىن، خالىق ھاجىغا رەھمەت-تەشەككۈر ئېيتىمىز. شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى بۇ تەتقىقات ئىشىمىزنى پائال قوللاپ، ھەر قايسى جەھەتلەردىن زور ياردەم بەردى، شۇڭا ئۇلارغا رەھمەت-تەشەككۈر ئېيتىمىز.

ش ئۇ ئا ر مۇقام فوندى تەرەققىيات باش شىركىتى
ش ئۇ ئا ر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى
ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى
1997-يىل 8-ئاي

# 序　言

民族出版社现将作为维吾尔十二木卡姆重要组成部分的《依希热提恩格兹》、《阿比倩希曼》和《穆斯台扎特》制成CD盘和盒式音带奉献给社会公众。维吾尔十二木卡姆是光辉的中华文化宝库中的无价瑰宝。它是勤劳且富于创造精神的维吾尔人民智慧的结晶，是以音乐语言表现维吾尔人民生活的各个侧面的艺术百科全书。有关《阿比倩希曼》、《伊希热提恩格兹》、《穆斯台扎特》等珍贵的历史遗产的记载，在18世纪和田籍木卡姆学家伊斯米图拉·本·尼米吐拉·穆吉孜在其所著《乐师传》中曾特别提及木卡姆大师阿曼尼莎汗的《伊希热提恩格兹》等四部作品。

《依希热提恩格兹》(激发欢乐的乐章)这部木卡姆由11种曲调、112行诗歌组成。《阿比倩希曼》(泪泉)则作为十二木卡姆中每一部木卡姆的结尾，由16种曲调、144行诗歌组成。《穆斯台扎特》是十二木卡姆中《琼乃额曼》的重要组成部分，由14种曲调、100行诗歌组成。这三部珍贵作品共计有41种曲调、356行古典诗歌。

在《阿比倩希曼》的CD盘和盒式音带中，为了表明每首《阿比倩希曼》是属于哪部木卡姆的，故在各首之前面引用了该木卡姆的序曲。

《阿比倩希曼》、《伊希热提恩格兹》、《穆斯台扎特》这三部宝贵遗产是根据中央宣传部1950年3月的安排，由文化部、国家民委等单位组织著名的民间乐师木卡姆演奏家卡斯木阿洪、卡伦琴演奏家肉孜阿洪等人参与演奏弹唱录音的。1952年，新疆人民广播电台从中央人民广播电台复制了这三部宝贵遗产中的7种曲调加以保存。

经过新疆维吾尔自治区木卡姆学家、研究工作者和有关专家的多年的认真探索、艰苦劳动，倾注了大量心血，这三部珍贵的音乐遗产终于研究整理出来与公众见面了。

《阿比倩希曼》、《伊希热提恩格兹》、《穆斯台扎特》这三部珍贵的历史遗产作为专辑制成CD盘和盒式录音带出版，这是维吾尔十二木卡姆研究史上的一件大事，也是我们人民文化生活中的一件大喜事。

在此，我们对保存这三部珍贵文化遗产，为我们的学术研究从各方面给予了帮助支持的喀什地区文工团、著名的木卡姆艺人、已故的卡伦琴演奏家肉孜阿洪、赛帕尔·侯赛音、哈力克阿吉等表示诚挚的谢意。新疆艺术学院对这一工作也给予了积极支持，从各方面予以大力协助，在此亦一并表示衷心的感谢。

新疆维吾尔自治区木卡姆开发总公司
新疆维吾尔自治区十二木卡姆研究学会
新疆维吾尔自治区维吾尔古典文学研究会

# راك مۇقامى

## چوڭ نەغمە

### مۇقەددىمە

ناخشىسىنى ئورۇندىغۇچى: ئابلىز شاكىر
ساتار بىلەن تەڭكەش قىلغۇچى: ئابدۇكېرىم ئوسمان

سېتارىم تارىغە جان رىشتەسىدىن تار ئېشىپ سالسام،
ئاڭلىغىم نالەسىدىن يىنىۋاننىڭ كۆڭلىنى ئالسام.

مەقام ئالىپ مەقام ئىچرە مەقامىنى دىلغە جا قىلسام،
مۇھەببەت كويىغە سالسە ئاناڭ ئالدىدا مەن چالسام.

مەقاملارنىڭ ئاتاسىنى خۇسەينىمۇ، ئەجەم دىرلەر،
بۇلاردىن يۇقارىكىم پەردەڭى باياتىنى چالسام.

بىيادى ھەق تەئالا يادىدا چالسام پەيا پەيكىم،
كۆڭۈللەر يىنەۋا بولغانىنى بىلسەم نەۋا چالسام.

ئارالاپ چالسام ئۇششاقنى، غەزەلنى راكقە يەتكۈزسەم،
شەھىستانۇ سەھەرلەردە مۇشاۋرەك، پەنجىگاھ چالسام.

ئىراقۇ چەببايات، ئۆزھالدا قىمزىكىم بىتەر بولسا،
تىلەپ خۇرشىدى ۋەسلىن سۇبھى دەمدە چارىگاھ چالسام.

يېتىپ ۋەسلىگە ھەممەتنىڭ جۇدالىق ئاھىدىن ئۆتسەم،
ئېچىپ ۋەسلىنىڭ شەرابىدىن قىلىپ تەڭكەش سىگاھ چالسام.

كېل، ئەي مەشرەپ، قەدەھ سۇنغىل بۇلايىن مەستۇ مۇستەغرەق،
بىر ئېلىگە كاسەڭى تەنبۇر، بىرىگە جامى مەي ئالسام.

## «راك» مۇقامىنىڭ مۇستەھزادى

يوقتۇر بۇ جەھان ئىچرە بىر مەن كەبى ئەۋۋارە،
ھەم بىسەرۇ سامانىمەن ھەم ئاجىزۇ بىچارە.

غەم خەيلى ئاياغىدا جىسمىم چۇ غۇبار ئولدى،
تۇفانى بەلا قىلدى تۇفراغ بىلە ھەمۋارە.

باشىمغە بەلا تاشى ياغدۇردى سىپىھر ئانچە،
ھەر بىر ساچىم ئورنىدا يۈز يارە ئۈزە يارە.

تەقسىرى جۇنۇنۇمدىن ۋەھىم ئەيلەبان، ئەي ئەھباب،
ھالىمنى سوراڭ، لېكىن قىلماڭ ماڭا نەززارە.

ئالەم ئارا بىدادى بىر زەررە ئەمەس خالى،
ھەر قانچە جەفا بولسە قىلمىش ماڭا ھەر يارە.

كۆڭلۈمگە شىكەست بەردى نا ئەھلىنىڭ ئازارى،
بۇ شىشەڭى نازۇكنى سىندۇردى ئوشۇل خارە.

—مەھزۇن.

چۈشۈرگىسى

كۆز سالما ئەرۇسى دۇن رۇخسارىغە، ئەي مەھزۇن،
ھەر كۈن نەچە سەندەكنى ئازغۇردى بۇ مەككارە.

ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەب
مەفئۇلۇ مەفائىيلۇن مەفئۇلۇ مەفائىيلۇن
«دىۋانى مەھزۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995-يىل نەشرى
93-بەت.

## «راك» ئايى چەشمىسى

مېنىڭ كۆڭلۈمكى گۈلنىڭ غۇنچەسىدەك تەمـبەتەم قاندۇر،
ئەگەر يۈزىڭنى باھار كۆرسە، ئاچىلماقى نە ئىمكاندۇر.

ئەگەر گۈل قاشى ياسىز باغ گەشتىن ئارزۇ قىلسام،
كۆزۈمگە ئوقدۇرۇر سەرۋى، كۆڭۈلگە غۇنچە پەيكاندۇر.

بەھارۇ باغ سەيرىن نې قىلايكىم دىلىستانىمسىز،
يۈزى گۈل، زۇلفى سۈنبۇل، قامەتى سەرۋى خىراماندۇر.

ۋىسالى لەززىتىدىن رۇھ ئاپماقلىق ئېرۇر دۇشۋار،
فىراقى شىددىتىدە يوقسە جان بەرمەكلىك ئاساندۇر.

باشىدىن ئەۋرۇزلۇر ئەرمانى بىرلە ئۆلدۈم، ئەي بابۇر،
مېنىڭ ئەلشىمنى، يارغىل، گۈل يەرى كويىدىن ئالىلاندۇر.

-بابۇر.

### ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم
مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

«بۇلاق» ژۇرنىلى، ئومۇمىي 20-سان.

## چەببايات مۇقامى

## چوڭ نەغمە

### مۇقەددىمە

ناخشىسىنى ئورۇندىغۇچى: ئابلىز شاكىر
ساتار بىلەن تەڭكەش قىلغۇچى: ئابدۇكېرىم ئوسمان

ۋىسالى ھەجرىدىن نالان كۆرەرمەن جانى زارىمنى،
ماڭا، يا رەب، نەسىب ئەتسەڭ نە بولغاي گۈلئۇزارىمنى.

نەچە يىرەھىم ئىلكىگە بولۇپمەن مۇپتەلا ئاخىر،
ساۋۇرمىشلار ھەۋادە ھەر كۈنى غەمكىن غۇبارىمنى.

ئاپىپ ئىشقىم كامال ئاندائكى رۇھى ۋامىقۇ فەرھاد،
كېلىپ پەرۋانە ياڭلىغ ئۆپرۈلۈر شەمئى مەزارىمنى.

كۆرۈپ ئەھلى تاماشا نەۋ بەھارى لالەزارى دەر،
باغىر قانىن شەفەقگۈن ئەيلەگەن گاھى ئۇزارىمنى.

دېگىل بۇ ئۆمر ئالەمدىن ۋەفانى كۆرمەدىم ھەرگىز،
بۇ دەھر كېھرە نەفەس ئالغۇنچە بىلمەسمەن تۇرارىمنى.

ئەگەر گۈل پەردەدە بولسە، نېچۈك ئارام ئالۇر بۇلبۇل،
يۈز ئاچقىل، بىقارار ئەتكىل، بۇ جانى بىقەرارىمنى.

نەچەكىم خەستە جاندۇرمەن مەي لەئلىڭگە، ئەي ساقى
تەبەسسۇم جامىنى پۈر ئەيلەگىل، سىتىر ئەت خۇمارىمنى.

جامالىڭدىن نېچە مەھرۇم ئولۇپ مەھزۇن يۈرۈي، جانان،
ۋىسالىڭ بىرلە مەمنۇن قىل دىلى ئۈمىدۋارىمنى.

بولۇرمەن شاد كۆكسۈم داغىنى ئاچىپ قاناتلاندىن،
كۆرۈپ خۇرسەند ئولۇپ يىرەھىم ئاچىلغان لالە زارىمنى.

ئەگەر ئەنقا ئالۇر بولسە نىشان، مەندىن نىشان ئاپماس،
فەنا دەشتىدە تا پەيدا كۆرەرمەن مۇرغىزارىمنى.

لىقا مۇمكىن ئەمەس ئەجرىد ھاسىل قىلماپىن، ئەرشى،
خەزان بەرگى كەبى بەرباد ئەيلەي ھەرنە بارىمنى.

### ۋەزىن ئايرىمىسى:

بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم
مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

«دىۋانى ئەرشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى، 95-بەت.

# «چەبىيات» مۇقامىنىڭ مۇستەھزادى

## بىرىنچى ئاھاڭ

ئەي مالاھەت كىشۋەرىنىڭ خەيلىدە سۇلتانىمۇ سەن،
بىر باقىپ كۆڭلۈمنى ئالدىڭ ئاپەتى دەۋرانىمۇ سەن.

كۆڭلۈم ئالدىڭ ئەيرىسە ھەرگىز باقمادىڭ، ئەي مەھلىقا،
دۇرمۇ سەن يا لەئلىمۇ يا خۇد لەبى مەرجانمۇ سەن.

ئۆلتۈرۈرسەن، كۆيدۈرۈرسەن فۇرقەتىڭدە، ئەي پەرى،
يىغلىتىپ ھەم كۈلدۈرۈرسەن بىر بالايى جانمۇ سەن.

ئاتەشى ئىشقىڭنى ياقتىڭ بۇ ۋۇجۇدۇمغە بۇ كۈن،
دوستمۇ سەن، دۈشمەنمۇ سەن، مەن بىلمەدىم جانانمۇ سەن.

گۈل يۈزۈڭگە ئەندەلىب بەڭلىغ قىلىپ زار ئەيلەدىڭ،
گۈلمۇ سەن يا خارمۇسەن يا ھۈرمۇ سەن، غىلمانمۇ سەن.

گۈل سىفەت گۈللۈكدا تۇرساڭ نەستەرىن بولغاي خىجىل،
كۆرمەدىم ھەرگىز مالاللىقدە لەبى خەندانمۇ سەن.

جىلۋە ئەيلەپ چىقساڭ ئۆيدىن رەشك ئەيلەر مۇشتەرى،
ھۆسن ئىقلىمىدە گويا بىر مەھى تابانمۇ سەن.

كۆرمەدىم بۇ پانىدە سەندەك مالاھەتلىك كىشى،
يا پەرىسەن، يا مەلەكسەن، بىلمەدىم، ئىنسانمۇ سەن.

گۈلسۈرۇخ بەڭلىغ يۈزۈڭ بۇ بىلال بىچارەنى
ئەيلەدىڭ ماننەندى بۇلبۇل، غۇنچەئى رەيھانمۇ سەن.

—موللا بىلال.

ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف
فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

«بىلال نازىم»، قازاقىستان دۆلەت گۈزەل ئەدەبىيات نەشرىياتى 1961-يىل نەشرى، 93-بەت.

## ئىككىنچى ئاھاڭ

نەزاكەت بوستانىدا قەدىڭ سەرۋى خىرامانىدۇر،
مالاھەت گۈلىستانىدا يۈزۈڭ گۈلبەرگى خەندانىدۇر.

ساڭا كىم بىقەرار ئېرمەس، كۆرەي دەپ ئىنتىزار ئېرمەس،
جامالىڭ ئەفتابىغە ھەمە زەررانى رەقسانىدۇر.

زىھى ھۆسنۇڭ سىفاتىدا مەنى شەيدايىكىم سەندىن،
چەمەنلەر ئىچرە، كىرسەڭ ئەنجۇمەنلەر ئىچرە داستانىدۇر.

نەدىن مەن بولماغايمەن ئادەمىيلەر شاھى ئالەمدە،
كى بۇلبۇل دىلكۈشا گۇفتارى بىرلە شاھى مۇرغانىدۇر.

زەمان پۇر شورىشۇ ئافاق پۇر فىتنە، جەھان ھاسىد،
خالايىق كۆزلەرىدىن غەيبەدەك مەشھۇرى پىنھانىدۇر.

—مەشھۇرى.

ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم
مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

«دىۋانى مەشھۇرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى، 61-بەت.

## «چەبىيات» ئايى چەشمىسى

گۇناھىم نې ئىدى، ئەقرىم ساڭا كىم ئاشنا قىلدى،
جەفاۋۇ سىتەمنى مېنىڭ دەردۇ غەمىگە مۇپتەلا قىلدى.

ساڭا كۆرسەتتى ئول گۈلچېھرەنى شىرىن جەمالىنى،
تەمامى مۇلكەكىمنى بەند-بەندىمدىن جۇدا قىلدى.

مەسىھا رەشكۇ ھەسرەتتىن ياقاسىن ھەرزامان يىرتار،
مېنىڭ كويۇقلى دەرد ئەھلىگە تا دارۇش-شىفا قىلدى.

مېنى يۈز تىل بىلە شۈكرانىسىنى ھەر زامان، ئازىدۇر،
ۋىسالىڭنى مېنى ھەجرۇ فىراقىدە دەۋا قىلدى.

يۈزىنى كۆرمەيمەن ئۆلدۈم، قەلەندەر، ئول پەرىۋەشنى،
سەئادەتلىكدۇر، ئول يارغە ئەرزىنى ئەدا قىلدى.

-قەلەندەر.

### ۋەزىن ئۆلچىمى

بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم
مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

«دىۋانى قەلەندەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى، 222-بەت.

## سىگاھ مۇقامى

## چوڭ نەغمە

### مۇقەددىمە

ئاھاڭىنى ئورۇندىغۇچى: ئابلىز شاكىر
ساتار بىلەن ئەگەشتۈرۈپ قىلغۇچى: ئابدۇكېرىم ئوسمان

ئېمىس خىلۋەت نىشىنلەرغە تەماشايى چەمەن ھاجەت،
چۇنانچە بولماغاي ئەھلى قىناغە ئەنجۇمەن ھاجەت.

گىرىفتارى ئىدى رەئنايى گۈلگۈن يۈزىدەن، ۋەھ-ۋەھ،
كۆڭۈلدە قالمادى بىرگى گۈلى سەرۋى سۈمەن ھاجەت.

بەلا دەشتىدەكى ئەۋزارلەرنىڭ ھالىنى سورماڭ،
كى ئاندا نى گۈلۇ نى بۇلبۇلۇ نى كوھكەن ھاجەت.

سەھەر ۋەقتى سابا يەتكۈزدى زۇلفۇڭ تارىدىن بۇيى،
مۇئەتتەر بولدى ئالەم، بولمادى مۇشكى خوتەن ھاجەت.

سوئال ئەيلەيدۇرۇركى پەقلامالىقدىن نې غەرەز ئاخىر،
دېمىشلەر مۇستەفا، دوستۇم، ساڭا ۋەيسى قەرەن ھاجەت.

زىلەيخا گۈلشەنىن قىلدى سەمۇمى ئىشقى خاكىستەر،
يۇ يەئقۇب دېمەكىم ئول يۈسۇفنى گۈل پىرەھەن ھاجەت.

جۇنۇن بازارىدە رەسۋالىقىمىسىنىڭ يالىسى ئولدۇر،
يەھانە ئالمادىلار، يوق ئىككىنىڭ ماللۇ مەن ھاجەت.

يۇ مۇشكى ئۈستىخانىمنى ئاڭلاڭ كويىغە ئاشلاقلار،
شەھىدى ئىشقىغە تابۇت نى گورۇ كەفەن ھاجەت.

رەقىبا، بەسمەرۇپالارنى سەن ئاقرىتىماقىل زىنھار،
ھەبىب ئىشكىگە يارغانىدا نى سەن ھاجەت، نى مەن ھاجەت.

نەۋائى، يارنىڭ ئاستانىسىنىڭ تۇفرىقى بولدۇڭ،
ساڭا ئەندى نى سەھراۋۇ نى شەھرۇ نى ۋەتەن ھاجەت.

### ۋەزىن ئۆلچىمى:

بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم
مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن.

-نەۋائى.

«مۇقام تېكىستلىرى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986-يىل نەشرى، 259-260-بەتلەر.

## «سىگاھ» ئابى چەشمىسى

گۈل كىبى ئۆلپۈنەتدۇر يارسىز دىيارىمدە،
ئاھلىسام تەزمىز، خارى سانچىلۇر قارامىدە.

گۈلشەن ئىچرە، گۈلگۈن مەي تۇتماسا ماڭا ساقى،
ئاندا نەغمەئى بۇلبۇل ئەرزىمەس قۇلاقىمدە.

دەردىدىن چىقار جانىم، ھەجر ئارا يىغلىدىمكىم،
ئەنگىبۇتنىڭ تارى چىرماشۇر ئاياغىمدە.

رەھىم ئەتمەس بۇ ھالىمدە، زەقنىم ئاقلاپ ئول قاتىل
جانىم ئالغالى كەلدى، كەلمەدى سوراغىمدە.

ئەي تەبىب، ئىلاج ئەتمە دەردىمگە دەۋا ئەيلەپ،
زەھر تەئمىنى بەرمىش شەربەتىڭ تاماغىمدە.

فەقىر مەڭگىدىن بىلمەي ئەيب ئىتەرلەر ئەل كۆرگەچ،
ئەسكى شالنى ئەڭنىمدە ھەر تەرەق ياماغىمدە.

خانۇ مانىم ئۆرتەنسە، ۋەھ نە خۇشتۇر، ئەي مەجنۇن،
ئىشىق يەرلىدىن ناگەھ ئوت تۇتۇشۇپ ئو تاغىمدە.

-مەجنۇن.

«مۇڭلۇق مەجنۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى، 89-بەت.

## چارىگاھ مۇقامى

## چوڭ نەغمە

### مۇقەددىمە

ناخشىسىنى ئورۇندىغۇچى: ئايتۇللا
ساتار بىلەن تەڭكەش قىلغۇچى: ئابدۇكېرىم ئوسمان

كۆرۈپ گۈلتەك يۈزۈڭ رەڭگىنى كۆزۈمدىن يۈز چەمەن بولدى،
ئەقىق ئەرنىڭنى كۆرگەلى كۆزۈم ھالى يەمەن بولدى.

تۈن ئاقشام تولغانۇ سۈنبۇل يېڭىن زۇلفۇڭدىن ئاھ ئۆردۈم،
ھەۋانى غالىيە تۇتتى جاھان مۇشكى خوتەن بولدى.

قىلىپ رەڭنا قەدىڭ يادىن سەھەردە ئانچە يىغلادى،
كۆزۈمنىڭ جويبارى ئىچرە سەرۋى نارەۋەن بولدى.

مېنىڭدەك كويىدا كۆردى يۈزۈڭنى ئەيرى نەۋ روزى،
كۆزۈمنىڭ ياشىدىن يەر يۈزى ۋەردى ياسۇمەن بولدى.

سەبا زۇلفۇڭنى ئاچتى، مەگەر ھالى خەيالىمدا،
يازىلدى ئەژدەھا بولدى، ئۆرەلدى ئەھرىمەن بولدى.

كۆرەمۇرگەچ كۆزۈڭ، كۆڭلۈم مېنىڭ زۇلفۇڭغە باغلاندى،
كۆزۈڭ ئول جادۇدىن يۈز ھەم يەنە بىر ئۆزگە فەن بولدى.

ئەگەر شىرىن ئۈچۈن فەرھاد ئىشقى كوھكەن بولسە،
نې تاڭ سەككاكى ھەم، جانا، يولۇڭدا جانكەن بولدى.

## «چاھارگاھ» مۇستەھزادى

ئۇن ئالقىشام بولدى-يۇ، كەلمەس مېنى شەمئى شەبىستانىم،
يۇ ئەندۇھ ئوتىدىن ھەردەم كۆيەر پەرۋانىدەك جانىم.

نې غەم كۆرگۈزسە كۆكسۈم پارەسىن چاكى گىرىبانىم،
كۆرۈنمەس بولسە كۆكسۈم پارەسىدىن داغى پىنھانىم.

غەمىدىن دۈررى مەكنۇنىدەك سىرىشكىم ئاقتى جەيھۇنىدەك،
مۇزەييەن قىلدى گەردۇنىدەك جەھاننى ئەشكى غەلتانىم.

فەلەك ھەم تولدى كەۋكەبىدىن، قۇياش ھەم تۈشتى ئەشھەبىدىن،
كېلىپ تۈشمەس بۇ مەركەبىدىن مېنىڭ خۇرشىدى رەخشانىم.

جەھاننى زۇلمەت ئەتتى چەھ، بۇ زۇلمەت ئىچرە ئۆلگۈم، ۋەھ،
ماڭا بولسا نې خىزرى رەھ، نېتىپ ئەي ئابىھەيۋانىم.

دېمە كۆكتىن قۇياش كەتمىش، فەلەككە تىيرەلىك يەتمىش،
ئۇل ئاي ھەجرىدە تار ئەتمىش فەلەكنى دۇدى ئەفغانىم.

چۈشۈرگىسى

نەۋائى كەبى ھىجرانىدىن بۇ ئالقىشام ئۆلدۈم ئەفغانىدىن،
غەمىم يوق بولسە يۈز جانىدىن، يېتىپ گەر كەلسە جانانىم.

-نەۋائى.

ۋەزىن ئابرىمىسى

بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم
مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

«غەزەللەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982-يىل نەشرى، 126-بەت.

## «چاھارگاھ» ئايى چەشمىسى

كېزەرمەن كويىدا يىللار، نەزەر ھالىمغا سالغاي دەپ،
ئەگەر ئۆلتۈرسە قانىم رەڭگى تۇفراغىدا قالغاي دەپ.

كۆڭۈلگە يۈز تۈمەن نىش ئۇرسا ھىجران، ئەيلەمەن نالە،
ۋىسالىڭ ئۈشىدىن ئول زەخملەر بىر كۈن ئوڭالغاي دەپ.

كۆڭۈلگە ناۋەكىڭ تا كىردى، بەھەد ھىفزىن ئەيلەرمەن،
كى بۇ شىشە ئىچىدە ئول داغى ناگاھ ئوشالغاي دەپ.

كۆڭۈلنىڭ كويىدە يۈز رەنج ئىلە مېھنەتقە ئاپشۇردۇم،
كى گەر كۆرسە بۇ سۈرەت بىرلە شايەد كۆڭلۈم ئالغاي دەپ.

سىرىشكىم قانى قىلدى كويىنىڭ تۇفراغىن ئاغۇشتە،
ئىتىڭگە شايەد ئول يالىنغ بىلە بىر ئوي ياسالغاي دەپ.

ھەرەم ۋەسلىن تىلەرسەن، يوپە ئۇر مەردانە، ئەي سالىك،
قەدەم ئاھىستە چەكمە ياغرىڭ ئول يەلمەكدە تالغاي دەپ.

نەۋائى، بىنەۋالىغ بىرلە داغىم مەي ئىچەر، بىر كۈن،
نەۋا ئەقشىنى دەۋران مۇترىبى بەزمىدە چالغاي دەپ.

-نەۋائى.

ۋەزىن ئابرىمىسى
بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم
مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

«غەزەللەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982-يىل نەشرى، 28-بەت.

## پەنجىگاھ مۇقامى

## چوڭ نەغمە قىسمى

### مۇقەددىمە

ناخشىسىنى ئورۇنلىغۇچى: غېنى راخمان
ساتار بىلەن تەڭكەش قىلغۇچى: ئابدۇكېرىم ئوسمان

جۇنۇن دەشتىدە بىزنى بىر كۆرۈش ئاۋارىلەر دېرلەر،
مۇغىلان خار-خارىدىن ئايىغى يارىلەر دېرلەر.

بەلا ياغسە باشىمىزغە دەم ئالماي دەۋرى گەردۇندىن،
رىزا بەرگىن قەزاغە ئاشىقى بىچارىلەر دېرلەر.

كۆرۈپ مېھرابە ئىشكىدە غەزەلخانۇ گىرىبان چاك،
مۇغاننىڭ قىزىغە ئاشىق ياقا سەد پارىلەر دېرلەر.

قەتلە ساچلارىمىزنى، كۆزۈبان قاشلارىمىزنى،
قارا كۆز باشىدا بىر نېچە بەختى قارىلەر دېرلەر.

سىرۇ سامانىمىزنى سورماڭىل بىز بىنەۋالارنىڭ،
قەلەندەر گەردىشلەرىدىن كۆڭلەرى دۈشۋارىلەر دېرلەر.

سارىغ چېھرە بىلەن كاھى يۈزۈمگە گەر باقىپ ھەر دەم،
كى گۈلرۇخلار فىراقىدا خەزان رۇخسارىلەر دېرلەر.

قاچانكىم ئالىبۇرۇت ئابىد قاشىدا بارغۇمىز، بىزنى
قارا قاشلار قاشىدا دەر-بەدەر ئاۋارىلەر دېرلەر.

كۆرۈپ ئەڭزايىمىزنى زەخمىلىك ئەھلى تاماشا كىم،
پەرىلەر كويىدا ئاۋارەئى سەڭسارىلەر دېرلەر.

گەر ئىھسان قىلماسا دەرۋىشلەرگە ئەھلى نېئمەتلەر،
گۇھەر خىرمەنلەرىنى تۇدەلى سەڭخارىلەر دېرلەر.

باشىمىزدا كۆرۈپ تەشكە، قولىمىزدا كۆرۈپ ساغەر،
قوزغولغان يۈز چەمەن غەمدىن نېچە مەيخارىلەر دېرلەر.

ئېرزۇر مەشھۇرى ئاتاغ قىلۇمدىن زەخمەلەرىن كۆرگەچ،
زەمانە تاشلارىدىن نېچە كۆكسى پارىلەر دېرلەر.

ۋەزىن ئايرىسى:

ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم
مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

-ئىبراھىم مەشھۇرى
«دىۋانى مەشھۇرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى،
47 -بەت.

## «پەنجىگاھ» مۇقامىنىڭ مۇستەھزادى

ئارەزىڭنى باغ ئارا چۈن كۆردى، ھەيران بولدى گۇل،
بەرگىسىز قالدى نېچىنكىم، بەس، پەرىشان بولدى گۇل.

يادىدىن گۇل-گۇل كۆرۈپ ئول يۈزنى، ئەشك ھەجرىدىن
چاك-چاك ئولغان كۆڭلۈمدەك تەھ-بەتەھ قان بولدى گۇل.

گۇلئۇزارىم كىشۋەرى ھۆسن ئىچرە بولدى پادىشاھ،
راست ئاندائكىم چەمەن مۈلكىدە سۇلتان بولدى گۇل.

سەيرى باغ ئەيلەردە دەۋران چەشمى زەخمى دەفئىدە،
ھەر تەرەفدىن چابۇكۇم دەۋرىدە قالقان بولدى گۇل.

لەئل كامىمدۇر قاشىمغە كەلسە ئول گۇل خىرمەنى،
مەي تىلەر كۆڭلۈمچۇ بەزمىدە فەراۋان بولدى گۇل.

كىپچە-كۈندۈز قىلما گۇلباڭنى، بەس، ئەي ئەندەلىب،
كىم ساڭا بەش كۈن بۇ گۇلشەن ئىچرە مېھمان بولدى گۇل.

چۈشۈرگىسى
گۇل چاغى يارى سەفەر ئەيلەپ، نەۋائى جانىغە
ھەر بىرى بىر تازە قانلىغ داغى ھىجران بولدى گۇل.
-نەۋائى.

ۋەزىن ئايرىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف
فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

«غەزەللەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982-يىل نەشرى، 392-،
393 -بەتلەر.

## «پەنجىگاھ» ئايى چەشمىسى

ھەۋايى ئىشقىدىن باشىمغا ياغقان ژالە ھىجراندۇر،
كى بۇ بارانغا ئاھىم گەردى بادى چۇڭكى قالقاندۇر.

كۆرۈپ ئەۋۋەل نەزەردە سېنى بەلىيەتكە دۇچار ئولدۇم،
دەرىغا، بۇ گۇنۇھۇبەتتىن خەلاس ئولماق نە ئىمكاندۇر.

گىرىفتار ئەيلەدى ئىشق ئاپەتىغە خەستە كۆڭلۈمنى،
كى ئاقتارسام ئىچىمدە خۇنچە يەڭلىغ تەھ-بەتەھ قاندۇر.

كۆرۈپ مەن ئاتەشىن گۈل ئەكسىنى بۇ گۈلىستان ئىچرە،
كۆڭۈلنىڭ خاھىشى بۇلبۇل سۈپەتلىك نالە-ئەفغاندۇر.

پەلەك ياغدۇردى باشىمغا ھەۋايى ئىشقىدىن تاشلار،
مەلامەت ئاسمانىدىنكى تۈشكەن سەنگى باراندۇر.

نېتەي، ئەي دوستلارىم، دەردىم دەۋاسىغا نېچۈك چارە؟
ھەكىمى ئىشق ئايدى: بۇ مەرەزگە يار دەرماندۇر.

ئاھالەيلى، ئۈززۈلى ئەيلەگىل ئول يار مەقتۇلى،
ساڭا بۇ سەئب ھالەتدىن ئول ئىشلار ئانچە ئاساندۇر.

—نىزارى.

ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم
مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر،» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
1980-يىل نەشرى، 436-، 438-بەتلەر.

## ئۈزھال مۇقامى

## چوڭ نەغمە

### مۇقەددىمە

ناخشىسىنى ئورۇندىغۇچى: ئايپاشا ھەسەن
ساتار بىلەن تەڭكەش قىلغۇچى: ئابدۇكېرىم ئوسمان

جۇنۇن ۋادىسىغا مايىل كۆرەرمەن جانى زارىمنى،
تىلەرمەن بىر يولى بۇزماق بۇزۇلغان روزگارىمنى.

پەلەك بىدادىدىن گەرچە مەنى خاكى غۇبار ئولدۇم،
تىلەرمەن ئايپاغايلار ئۈتتىيالىققە غۇبارىمنى.

شەك ئېرمەس پەرتەۋى تۈشكەچ ئۆيى ھەم، رەختى ھەم كۆيمەك
چۇ گورىستان گەدايى سېزەمەگەي شەمئى مەزارىمنى.

دېمەك قاي سارى ئېتكۈك ماڭا يوق ئىختىيار، ئاخىر
قەزا ئىلكىگە بەرمىشمەن ئىنانى ئىختىيارىمنى.

تۈگەندى ئەشكى گۈلگۈن، ئەمدى قالمىش زەئفەرانى يۈز،
پەلەك زۇلمى بەدەل قىلدى خەزان بىرلە بەھارىمنى.

دىيارىم ئەھلى بىرلە ياردىن باشىمغا يۈز مىھنەت،
نى تاڭ باشىم ئالىپ كەتسەم، قويۇپ يارۇ دىيارىمنى.

ھەياتىم بادىسىدىن سەرگەرانىمەن ئىسرۇ، ئەي ساقى،
قەدەھقە زەھەر قاتىل قۇي، داغى دەفئەكەت خۇمارىمنى.

يامان ھالىمغا باقرى ئاغرىغاي، ھەر كىمسە كىم كۆرگەي،
باغىر پەرگالەسىدىن قانغە بۇلغانغان ئۈززارىمنى.

جەھان تەركىنى قىلماي چۇڭكى تىنماق مۇمكىن ئېرمەستۇر
نەۋائى قىل مېنى ئازاد ئۆرتەپ يوقۇ بارىمنى.

—نەۋائى
ۋەزىن ئايرىمىسى:
بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم
مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

«چاھار دىۋان»، «غەرايىبۇل-كىبەر» قولىيازما نۇسخا، 1035-بەت.

## «ئۈزھال» ئايى چەشمىسى

يۈزۈڭدەك قەمەر بولغۇر، قەشىڭدەك شەپەر بولغۇر،
شەپەر بولسا ھەم ئاندا لەبىڭدەك سەمەر بولغۇر.

كۆزۈم ئەشكىنىڭ رۇخى ئاقار تىزۇ تۈند ئاتماغ،
كى، گەر ئۇيقۇ كۆز سارى كېلۇر ھەم كۆزەر بولغۇر.

ئالىس ئۆتسەلەر ناگاھ، كېتەر ئۆيلە ھوشۇمكىم،
بەدەن ئىچرە روھۇمدىن دېگەيسەن ئەسەر بولغۇر.

كۆڭۈل سورغالى كەلدىڭ، تەمەننا، مۇنى بىلگىم،
ئول ئەۋۋارەمدىن سەندەك ماڭا ھەم خەبەر بولغۇر.

بولۇڭدا نىسار ئەشكىم گەر ئاز ئېرۈر رۇڭگەر كۆپ،
ئىتمەككە غىزا كۆڭلۈم ئەگەر بار ۋە گەر بولغۇر.

بۇ گۈلشەندە، ئەي دېھقان، نېچە ئازمۇن ئەتتىم،
ۋەفا نەخلى ئەككەنگە بېھۇز غەم سەمەر بولغۇر.

نەۋائى غىرامىڭدىن ئانىڭدەك زەئىپ ئولدى،
كى، كورنىدا ئەل باقسا دېگەيلەر مەگەر بولغۇر.

—نەۋائى

«غەزەللەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982-يىل نەشرى.

## ئەجەم مۇقامى

## چولڭ نەغمە

### مۇقەددىمە

ناخشىسىنى ئورۇندىغۇچى: ئابلىز شاكىر
ساتار بىلەن تەڭكەش قىلغۇچى: ئابدۇكېرىم ئوسمان

جاھاندا گەرچە بولغاي كۆپ شەھى خەيلۇ ھەشەم پەيدا،
ۋەلې بولغايمۇ سەندەك خۇسرەۋى ساھىب كەرەم پەيدا.

سالامەت بولگىل، تاپسۇن دۆلەتىڭدە خەلق ئاسايىش
كى ساھىب دۆلەتى سەندەك بولۇر ئالەمدە كەم پەيدا.

ۋەفادۇر سېھر قانۇنىنى ئاڭلاق تۈركى دەۋرۈڭدە،
نىشانى ئەيش بولسۇن، بولماسۇن ئەندۇھى غەم پەيدا.

ھېكمەت خۇنابەلەر ھاسىل، قىلىپمەن داغى ئىشقىڭنى
گەدا قىلغان كەمى خۇنى جىگەر بىرلە دىرەم پەيدا.

ئۇباش ئەقلىغ يۈزۈڭگە، ۋەھ، نېچۈك مەن تەك باقاي، جانان،
ياقى ئايىنەڭ قاشىڭدىن قامەتىڭگە بولدى خەم پەيدا.

قەدىڭگە زۈلفۈ ئانزىلاڭ ھەرنەدىن ھەرلەمەز، دەم ئۇرسام،
بولۇر جانۇ تەنۇ كۆڭلۈمگە ھەر ياندىن ئەلەم پەيدا.

يېتىپ كەلسەڭ ئاپازى باشىغە سىھھەت (يار) ئولماسۇ،
تىرىلمەككە، ئۆلۈك بولسە، مەسىھى رۇھى دەم پەيدا.

—ئاپازى.

ۋەزىن ئاپرىسى

ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم
مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

«دىۋانى ئاپازى» قولىيازما نۇسخا، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1996-يىل 2-سان.

## «ئەجەم» مۇقامىنىڭ مۇستەھزادى

گىستەدىم ئالەمدە سەندەك شەھسۇۋارى تاپمادىم،
دەھر ئارا بىر مۇشفىقى ھەمدەرد يارى تاپمادىم.

بولماغاي ئالەمدە سەندەك مەھۋەشى، ئەي نازەنىن،
غۇنچەدەك خەندان لەبىڭدەك گۈلئۇزارى تاپمادىم.

نە ئىلاج ئەيلەي، مېنىڭ ۋابەستەدۇر كۆڭلۈم ساڭا،
سىمىر تاپانلىغ يۈزۈڭدەك لالەزارى تاپمادىم.

رەھىم ئەيلەپ سائىتى ئۆزۈڭدە ۋاسىل قىل مېنى،
دىلبەرىم، كويۇڭدىن ئارتۇغراق دىيارى تاپمادىم.

كېچە-كۈندۈز نەۋبەتى كويۇڭدە بولدى مۇپتەلا،
بۇ جەھاندا سەندىن ئۆزگە غەمگۇزارى تاپمادىم.

-نەۋبەتى.

ۋەزىن ئايرىمىسى
بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف
فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

«دىۋانى نەۋبەتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى، 72-بەت.

## «ئەجەم» ئايى چەشمىسى

بىر نىگار كۆردۈممەن، كۆيەدۈرۈركى شەھلاسى،
خوب ئەجەب ياراشىپدۇر ئىككى زۇلفى رەئناسى.

شەمئىدەك زىبان تارتار، چۈنكى نۇر رۇخسارى،
رۇھى مىسلى پەرۋانە ئۆرتەنۇر سۇرمىياسى.

يۈزىدۇر مەھى ئەنۋەر ئاشىقان قەلەندەرۋار،
خۇش ئەجەب كەلام ئېيرمىش خال ئىلە قاراقاشى.

چۈنكى خەندەلەر قىلسە ئاچىلۇر گۈلى رەئنا،
خەلق ئارا زۇھۇر ئۇلمىش ئەندەلىب شەيداسى.

سەيپادى، بۇ مىسكىنگە ئاقىبەت بولۇر ئەسكىن،
كەلدى ئاقىبەت چۈشكە ئول مۇھەببەت-دەرياسى.

-سەيپادى.

(«تاھىر ۋە زۆھرە» داستانىدىن)

«بۇلاق» ژۇرنىلى 1995-يىل 1-سان، 99-بەت.

# ئۇششاق مۇقامى

## چوڭ نەغمە

### مۇقەددىمە

ناخشىسىنى ئېيتقۇچى: ئابلىز شاكىر
ساتار بىلەن تەڭكەش قىلغۇچى: ئابدۇكېرىم ئوسمان

يولىڭدا تۇفراغ ئولدۇم، ئەي سابا، يەتسەڭ غۇبارىمغە،
قويۇن بول، داغى ئېلتىپ سەدقە قىلغىل گۈلئۇزارىمغە.

گەر ئۆلسەم ئول مەلەك سىما پەرى ھەجرىندە، ئايلانغاي،
پەرى بىرلە مەلەك پەرۋانەدەك شەمئى مەزارىمغە.

فىراقى تىيرى بارانىنكى چەكتىم قۇشقە، ئوخشاتقاي،
كى بولمىشلەر يۈكسىن باققان كىشى جىسمى فىگارىمغە.

قۇياش يەڭلىغ يۈزۈڭ ھەجرىندە ئېرمەس يارۇماق مۇمكىن
گەر ئولسە يۈز قۇياش تالئى قارارغان روزگارىمغە.

يىگىتلەر، ئىشقنى گەر ئىختىيار ئەتمەي دېسەم، قويماس
يىگىتلىك بىرلە ئاشىق شىۋەلىك ئۆز ئىختىيارىمغە.

جۇنۇن ۋادىسىدا قالۇر سەبا يۈز دەستى يۈيىمدىن،
ئاڭا يەتمەن، نې ئىلدام سەبر ئىكىن جايۇكسەۋارىمغە.

سېنى، ئەي مۇغبەچە، مەخمۇرلۇقدىن ئاسراسۇن تەڭرى،
ئەگەر بىر جامى مەي بىرلە ئىلاج ئەتسەڭ خۇمارىمغە.

فەنا مەيخانەسىنىڭ مەيفۇرۇشىغە فىدا جانىم،
كى مەي ئىھسان قىلۇر ھالەتدە باقماس يوقۇ بارىمغە.

ۋەفا ئوتىغە مەن كۆيدۈم، ۋەلې تاپقاي نەۋائىدەك،
مۇھەببەت رىشتەسى باققان كىشى ھەربىر مەزارىمغە.

—نەۋائى.

## «ئۇششاق» مۇقامىنىڭ مۇستەھزادى

ھېچ كىشىنى قويمىغىل، يارەب، غەمى ھىجران بىلە،
يۇسۇفى كەنئانغە ئوخشە مىھنەتى زىندان بىلە.

كۆرسەلەر گەر خانۇ شەھلەر بەلكى سۇلتانى زەمان،
قىلغۇدەكدۇر خىزمەتىڭنى، ئەي پەرىۋەش، جان بىلە.

كۆرمەدىم لەئلى لەبىڭنى يا تىشىڭدەك گەۋھەرى،
قانچە ئاختاردىم جەھاننى بەھر ئىلەيۇ كان بىلە.

بىرگىنە كۆرمەي يۈزۈڭنى دەھر ئارادا تويغۇچە،
كەتكۇدەكمەن ئاقىبەت يۈز ئارزۇ ئەرمان بىلە.

ئول گۈلى جەننەت فىراقىدا، قەلەندەر، سۈبھۇ شام
ئۆتكۇدەكمەن بۇلبۇل ئوخشە نالەيۇ ئەفغان بىلە.

—قەلەندەر.

ۋەزنى ئايرىمىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف
فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

«دىۋانى قەلەندەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى،
171-بەت.

## «ئۇششاق» ئايى چەشمىسى

سېنى لەيلى، ئايا دىلبەر، مېنى مەجنۇن گەدا دەرلەر،
گەدالارنى تەرىقى ئىشق ئىچىدە پادىشا دەرلەر.

قايۇ ئاشىق ئاپىرىدۇر بۇ جەھان مۈلكىدە راھەتنى،
ئانىڭ ئۈچۈن بەلانى ئىشق ھەيلىغە رەۋا دەرلەر.

ئەگەر تىمرى بەلا كەلسە، ئاچىپ كۆكسىن سىپەر ئەيلەپ،
تۇرۇرلار ئوترۇغە ھەر دەم نە كەلسە مەرھەبا دەرلەر.

بەلاۋۇ مېھنەتى دۇنيا نەسىبى بولدى ئاشىقنى،
ئېزەلدىن مەرد ئاشىقنى بەلالەرغە رىزا دەرلەر.

بۇ ئىشقنىڭ دەردىغە، ئەي دوستلار، ھەرگىز دەۋا يوقتۇر،
تەمامى دەردلەرغە ئىشق دەردىنى دەۋا دەرلەر.

ھۇۋەيدا، دۇنيەدىن بىئىشق ئۆتكەرمە ھەياتىڭنى،
نەچە كۈن ئىشق ھاسىل قىل، بۇ ئۆمرى بىۋەفا دەرلەر.

-ھۇۋەيدا.

ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم
مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

«بۇلاق» ژۇرنىلى 1989-يىل 1-سان، 91-بەت.

## بايات مۇقامى

## چوڭ نەغمە

### مۇقەددىمە

ناخشىسىنى ئورۇندىغۇچى: دىلشات
ساتار بىلەن تەڭكەش قىلغۇچى: ئابدۇكېرىم ئوسمان

نەچۈك شاد ئولمايىن قىلسالاڭ نىشانە جان فىگارىمنى،
سورار يۈز تىل بىلە پەيكانلارىڭ ھالى نىزارىمنى.

ئۈيۈم تىيرە، ئەمەس چۈن بەسىملى تىغى نىگاھىڭمەن،
چەراغان قىلغۇسىدۇر ئاھۇلار كۆزى مەزارىمنى.

ئاچىلغۇر ئۇفراغىمدىن ئاقىيامەت لالەئى ھەسرەت،
خەزان ئولسە بەھارى ئۆمر كۆرمەي گۈلئۇزارىمنى.

زىبىبەس ئەشكى قۇرۇغ ئەفشان ساچىپ ھىجران تۈنى كۆرگەچ
كى دەرلەر ئىككى مەشئەل-ئىككى چەشمى ئىنتىزارىمنى.

نەچۈك ئارام ئىستەرسىز مەنى ئەۋۋارەدىن ئول شوخ،
قاچان قويدى مېنىڭ بىرلەكى ئارامۇ قەرارىمنى.

ئىكىمېدۇرلار ماڭا خەيمە ھەۋا ئۈزرە ھۇباب ئاسا،
كى مەن بىلمەيدۇ مەن بۇ رەڭ ھەۋا بىرلە تۇرارىمنى.

ئىكى شەھلا كۆزۈڭ نەشئە بېرۇردە ئىككى مەيخانە،
نىگاھى ئىلە مەستانە، ئۈشات جامى خۇمارىمنى.

ساۋۇر ئۈزنى بۇرۇنراق ئۈز ھەۋادا ئىختىيار ئەيلە،
ساۋۇرسە بىر كۈنى سالقىن دەمى قويماي غۇبارىمنى.

ھاياتى جاۋىدان ئاپماس كىشى ئابىھەيات ئىچسە،
پەنا زۇلماتىدا كۆر خىزرەدەك مەشھۇرى زارىمنى.

-مەشھۇرى

ۋەزىن ئايرىمىسى
بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم
مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

«دىۋانى مەشھۇرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى، 187-بەت.

## «بايات» ئايى چەشمىسى

مېنى ئۇششاق كۆڭلىن غارەت ئەتكەچ دىلرەبا دەرلەر،
مېنى سەن شوخ دامىغە ئەسىرۇ مۇبتەلا دەرلەر.

مېنى قەسرى جامالى ھۆسن ئۆزرە شاھى مەھروبان،
مېنى رەسۋايى ئىشقىڭ كوچەسىدە بىر گەدا دەرلەر.

بۇكۈن ھەر زەرد روي ئىشقىڭ ئوقىدا شەھىد ئولسە،
قىيامەت كۈنى بىر گۈلچېھرەئى گۈلگۈن قەبا دەرلەر.

ئەجەب قەۋمىدۇ ئەسھابى رىزا بىرلە ۋە قالاركىم،
بەلا تىغى باشىدا سايەئى بالى ھۇما دەرلەر.

ئەگەر ئۆمرى جىگەر پارەكالەسىدىن مەن غىزا بەرسەم،
قاپان نامېھرىبان ئىتلارنى ئۆزىگە ئاشنا دەرلەر.

كۆرۈپ مەشھۇرنى بۇ نەۋئ سەرگەردانۇ سەرگەشتە،
غەم ئابادى جەھان ئىچرە غەرىبۇ بىنەۋا دەرلەر.

—مەشھۇرى.

ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم
مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن.

«دىۋانى قەلەندەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى، 67 -بەت.

## ناۋا مۇقامى

## چوڭ نەغمە

### مۇقەددىمە

ناخشىسىنى ئورۇندىغۇچى: ئابلىز شاكىر
ساتار بىلەن تەڭكەش قىلغۇچى: ئابدۇكېرىم ئوسمان

بەلا دەشتى ئارا مەجنۇن مېنىڭدەك كۆرمەمىش دەۋران،
قۇيۇندەك ھەر زامان بىر كۆرمەگەن ۋادىدا سەرگەردان.

نى ئەندۇھۇ مالالىمغە بەلىيەت دەشتىدەك غايەت،
نى سەۋداۋۇ جۇنۇنۇمغە مالامەت بەھرىدەك پايان.

تۈنۈم دەيجۇر، كۆزۈم رەنجۇر، ئىچىم غەمناكۇ باغرىم چاك،
تىلىم لالۇ تەنىم بىھال، ئىچىم ئەفغان، سىرىشكىم قان.

زەئىفۇ دەردۇ غەم پىشە، نەھىفۇ مېھنەت ئەندىشە،
زەلىلۇ بىسەرۇ سامان، قەتىلى خەلجەرى ھىجران.

غىفانىمدىن فەلەك غەمكىن، سىرىشكىمدىن جەھان رەڭگىن،
نى دەردىم گوتىغە تەسكىن نى ھەجرىم دەردىغە دەرمان.

باشىم غەم تاشىدىن پارە، تەنىم ھەجر ئوقىدىن پارە،
كۆڭۈل بۇ پارەغە چارە تاپارغە تاپمايىن ئىمكان.

كۆزۈم نەملىق، بويۇم خەملىق، ئىچىم ئەندۇھى ماتەملىق،
نى ھەمدەملىق، نى مەھرەملىق تاپىپ بۇ مېھنەتى پىنھان.

ماڭا نى يارۇ نى ھەمدەم، ماڭا نى دوستۇ نى مەھرەم،
ماڭا نى چارە نى مەرھەم، ماڭا نى سەبرۇ نى ئارام.

ھەم ئەھۋالى تەباھىمدىن ھەم ئاھى سۇبھىگاھىمدىن،
ھەم ئوتلۇغ دۇدى ئاھىمدىن قارارىپ كۆلبەئى ئەھزان.

فەلەك رەھزەن، زامان دۈشمەن، بەدەن رەۋزەن ئۆزە رەۋزەن،
قالىپ جان ھەسرەتىدىن تەن، چىقىپ تەن كىشۋەرىدىن جان.

نەۋائى بولسە مېھنەت كۆپ، ئىچە كۆر جامى ئىشرەت كۆپ،
نىچە بولسە سەئۇبەت كۆپ بولۇر ۋەھدەت مەيى ئاسان.

—نەۋائى.

ۋەزىن ئايرىمىسى:

بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم
مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيۇن مەفائىيلۇن
«چاھار دىۋان»، «بەدايىئۇل-ۋەسەت» قوليازما نۇسخا، 731-بەت.

## «ناۋا» ئايى چەشمىسى

تىشىڭ دۇرر، لەبىڭ مەرجان، خەدىڭ گۈل، خەتتىڭ رەيھان،
يۈزۈڭ ھۆر، ساچىڭ ئەنبەر، سۆزۈڭ مۇل، مېڭىڭ مىنان.

تەفاخۇر كۆزۈم، كۆڭلۈم قىلۇرلار مەگەر باردۇر،
كۆزۈڭگە كۆڭۈل ۋالە، يۈزۈڭگە كۆزۈم ھەيران.

تەفەككۇر نەچە قىلسام تاپىلماس سېنىڭ مىسلىڭ،
پەرىدەك سېنى كۆردۈم، ئەمەسسەن ۋەگەر ئىنسان.

بەلادۇر ماڭا ھەجرىڭ، دەۋادۇر ماڭا ۋەسلىڭ،
ئىتابىڭ ماڭا ئاپەت، ھەدىسىڭ ماڭا دەرمان.

چۈ بابىر ساڭا قۇلدۇر، نەزەر قىل ئاڭا زىنھار
تاپىلماس يەنە بىر قۇل ئانىڭدەك ساڭا، ئەي جان.

-بابىر.

«بۇلاق» ژۇرنىلى ئومۇمىي 20-سان، 128-بەت.

## مۇشاۋرەك مۇقامى

## چوڭ نەغمە

### مۇقەددىمە

ناخشىسىنى ئورۇندىغۇچى: ئابلىز شاكىر
ساتار بىلەن تەڭكەش قىلغۇچى: ئابدۇكېرىم ئوسمان

مۇزەھھەب ئەيلەگەن پەيكانلارىڭ جىسمىم ئارا ھەر يان،
دېمە باش چەكتىكىم، چەكتى زەبانە شۇئلەئى ھىجران.

قاچان پەيكان كۆرۈنمەس، ھەجر ئوتىنىڭ شۇئلەسى بولسە،
ئانى تارتىپ چىقارماق زەخم ئىچىدىن بارمۇدۇر ئىمكان.

نې تاش ئاتىپ تەنىمنى زەخم قىلسالاڭ، غەمغە قالۇرمەن
مۇڭا نې باغلاي ئانى، قايدا باغلاي، دەپ مەنى قۇربان.

بەلا دەشتىدە كۆرگەن ۋەھشى مەجنۇننى، مېنى دائىم
خىرەد ئەھلى قاشىندا تەلبە كۆرگەندەك، قالىپ ھەيران.

سۆڭەكلەرنى تەنىمدىن بىر-بىر ئايىردى غەمى ھەجرىڭ،
مەھەلدۇر ئىتلارىڭنى ئەيلەسەم كۆلبەم ئارا مېھمان.

نې مەن قالغۇم، نې سەن باقى، زەمانى كەلگىل، ئەي ساقى،
قەدەھ دەۋرىنى خۇش تۇتقىم، ۋەفاسىزدۇر بەسى دەۋران.

ۋەفاسىزدۇر زەمان ئەھلى، زەماندا نې ۋەفا بولغاي،
ۋەفا ئەھلى بولاردىن گەر ۋەفا ئىستەر، ئېرۇر نادان.

خۇشا، دەير ئىچرە مەيخانە، تولا ئىلكىمدە پەيمانە،
مەنۇ ئەھلى فەنا ئاغزىدا: «كۆللو مەن ئەلەيھا فان».

فەنا دەيرىدە سائىللىقنى سۇلتانلىقدىن ئارتۇق تۇت،
كى ئۆلمەكلىكدە تەڭدۇرلار ئەگەر سائىل، ئەگەر سۇلتان.

جاھان ئىچرە كىشىنىڭ چۈن يوقىيۇبارى يەكساندۇر،
نې غەررۇغ كىممەدۇر كۆرگەن جەھان بارۇ يوقىن يەكسان.

نەۋائى، ئۆزنى خۇش تۇتقىم، كىشىگە دەھر ئىشى باردۇر،
ئەگەر مۇشكىل تۇتار، مۇشكىل، ۋەگەر ئاسان تۇتار، ئاسان.

-نەۋائى.

ۋەزىن ئايرىمىسى
بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم
مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

«چەھار دىۋان»، «بەدايىئول-ۋەسەت»تىن، قولىيازما نۇسخا، 718-بەت.

## «مۇشاۋەرەك» ئايى چەشمىسى

شىفايى ۋەسل ئەدرىن ھەجر ئارا بىمارلاردىن سور،
زىلالى زەۋق-شەۋقىن تەشنەگى دىيدارلاردىن سور.

كۆزى ياشلارنىڭ ئەھۋالىن نە بىلسۇن مەردۇمى غافىل،
كەۋاكىب سىررىنى شەب تا سەھەر بىدارلاردىن سور.

خەبەرسىز بولمە فىتتان كۆزلەرىڭ جەۋرىدىن، ئەي زالىم،
خەبەرسىز مەستلەر بىدادىنى ھۇشيارلاردىن سور.

غەمىڭدىن شەمشەدەك كۆيدۈم، سەبادىن سورمە ئەھۋالىم،
بۇ ھالىمنى شەبى ھىجراندا بولغان يارلاردىن سور.

مۇھەببەت لەززەتىدىن بىخەبەردۇر زاھىدى غافىل،
فۇزۇلى دەردى ئىشقىن دەردى ئىشقىڭ يارلاردىن سور.

-فۇزۇلى.

### ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم
مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

«كۇللىياتى فۇزۇلى»، 1893-يىل تاشكەنت، چاپ نۇسخا.

## ئىراق مۇقامى

## چوڭ نەغمە

### مۇقەددىمە

ناخشىسىنى ئورۇندىغۇچى: ئابلىز شاكىر
ساتار بىلەن تەڭكەش قىلغۇچى: ئابدۇكېرىم ئوسمان

كىرمەگەيمەن جەننەتۇل-مەئۋاغە دىلبەر بولماسا،
شىشەيۇشى تۇشمەگەي دەرياغە گەۋھەر بولماسا.

خالۇ خەتتىنىڭ سىياھىدىن جەھانگىر ئولدى يار،
ۋەرنە، شەھ ئىقلىمىنى ئالغايمۇ لەشكەر بولماسا.

بولمادى مەئلۇم ھىكمەت ئەھلىگە سەيرى قەمەر،
ئاسمانى نىلگۇن سەھنىدە ئەختەر بولماسا.

ئابھاغاي ئېردى رەۋاجى قىسسەئى ئابىھەيات،
زۇلمەت ئىچرە نەچچە يىل خىزرۇ ئىسكەندەر بولماسا.

سۇھبەتى ساھىبدىلان گەرم ئولدى، زاھىد تۇرمافىل،
خىرمەنى ئاتەشكە كىم كىرگەي سەمەندەر بولماسا.

ھۇيى بۇ ژۇلىدە مۇلاردىن چۇ دىلگىر ئولماڭىز،
زاھىر ئولماس زىينەتى شەھرى قەلەندەر بولماسا.

نەقشبەندىلەرگە نەقشى بورىيايى بەسدۇرۇر،
ئەتلەسى گەردۇن ئەگەر بالىنۇ بىستەر بولماسا.

ئەۋدەھايى بىشەنى ھەيبەتتەكىم قىلغاي خەراب،
دۇلدۇل ئۆززە، نەئرەئى ئاۋازى ھەيدەر بولماسا.

ئەي زەلىلى، كېچەۋۇ كۈندۈز ئىشىم دىۋانەلىك،
تا جۇنۇن ئىقلىمىدىن مۇلكى مۇسەخخەر بولماسا.
زەلىلى.

### ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف
فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

«دىۋانى زەلىلى» قولىيازما نۇسخا.
«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
1981-يىل نەشرى، 350-352-بەتلەر.

## «ئىراق» مۇقامىنىڭ مۇستەھزادى

ساقىيا، جامىمنى ساق ئەيلە مېيى ئەنۋاردىن،
ئەيلەگىل كۆڭلۈمنى خالى جۈملەئى ئاغياردىن.

مەست ئەيلەپ ھۇشۇم ئال، قىلغىل خۇماردىن خەلاس،
ھەم خۇمار ئۆزلۈكدىن ئەت ھەم پەردەئى پىنداردىن.

ھەجرىنىڭ ئەندۇھىدىن بولدى كۆزۈم يىغلاپ بەسىر،
كاشكى بولغاي ئەدى يىنا كۆزۈم دىداردىن.

گەر باھار ئۆتكەچ تولا سارغارسا ياپراقلار نې تاڭ،
سارغارىپ يۈز غەم بىلە بولسە جۇدا غەمخاردىن.

ۋەسلى قەدرىن بىلمەگەنگە ھەجر گوتى پاداش ئىمىش،
بولما نەۋمىد، ئۆي زۇھۇرى، يۈرنا سۆيگەن ياردىن.

-زۇھۇرى.

ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەقسۇر
فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلان

«دىۋانى زۇھۇرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى، 99-بەت.

## «ئىراق» ئايى چەشمىسى

سەھەرلەردە مېنىڭ ھالىمغە مۇرغانى چەمەن يىغلار،
فىغانىمدىن سەبا يىرتىپ قىزىلگۈل پىرەھەن يىغلار.

جىگەر ئۆدى كۆيۈپ دۇدى بەيابان گەردىغە تۈشسە،
ئوشالدى قەدرى مۇشكىم دەپ غەزالانى خوتەن يىغلار.

يۈرەكدە ئاتەشىن دەردىن ئالىپ بارسام لەھەد ئىچرە،
قىيامەت تاڭى ئاتقۇنچە كۆيۈپ گورۇ كەفەن يىغلار.

سېنى دەردىڭ بىلە يىغلاپ فىغانۇ نالەلەر قىلسام،
كېچىپ فەرزەندۇ مالىدىن، بولۇپ ئەل بىۋەتەن، يىغلار.

تاپالماي تىيرەئى مەقسەد ئۇۋاسىن، جان ئېبرۇزۇر ھەيران،
ھېدالماي جۇستىجۇيۇمغە بەيابانى قەرەن يىغلار.

سەھەرلەردە يۈسۈفىم دەپ ئاھ ئۇرسام پىرى كەنئانەدەك،
فىغانىمدىن فىغان ئەيلەپ كۆيۈپ بەيتۇل-ھەزەن يىغلار.

ھۇۋەيدا زار يىغلاپ، يار دەپ يۈزلەنسە سەھراغە،
بوياپ لالە كۆزۈم قانىغە گۈلگۈن پىرەھەن يىغلار.

-ھۇۋەيدا.

ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم
مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

«بۇلاق» ژۇرنىلى، 1989-يىل 1-سان، 96-بەت.

## ئامانىسا خېنىم

# «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامى

## مۇقەددىمە

ناخشىسىنى ئورۇندىغۇچى: شائىگۈل
ساتار بىلەن تەڭكەش قىلغۇچى: ئابدۇكېرىم ئوسمان

قاشىڭ مېھرابىنى ۋەسل ئەھلى ئەتمىش قىبلەگاھ مەقسۇد،
باشىم يۈز قەتلە ئۇرسام يەرگە ھەجرىڭدىن ماڭا نې سۇد.

ئىچىمدە ئىشقىدىن يۈز يارلىغ دەم ئۇرماققا زەھرەم يوق،
ئۆي ئىچرە ئوت سالىپ، ۋەھ، مۇشكىل ئېرمىش ئاسراماغلىق دۇد.

يادا تاشىغە قان يەتكەچ ياغىن ياغقاندەك، ئەي ساقى،
ياغار يامغۇردەك ئەشكىم چۈن بولۇر لەئلىڭ شەراب ئالۇد.

چۇ قويدۇڭ داغ، تىندۇردۇڭ كۆڭۈلنى دەردىڭ ئىستەردىن،
دىرەم بىرلە گەدانى ئۆيلەكىم قىلغاي كىشى خۇشنۇد.

جۇنۇن يۈز بولسە كىم ياغدى پەرىۋەش تىفلىلەر تاشى،
مۇناسىبدۇر بۇ تاشلار ئەقل ئىشكىن قىلغالى مەسدۇد.

تۆكۈلدى گۈل، فىغان بەس قىلدى بۇلبۇل، شۈكرىكىم بارى،
سېنىڭ ھۆسنۈڭ مېنىڭ ئىشقىمدا نۇقسان بولمادى مەۋجۇد.

تۈنۈ ئەنجۇم دېمە، دەۋرانغە راھەت قىلماسۇن دەپ مەيل،
قەزا كۆل مىخلار قاقتى قىلىپ گەردۇننى قىرەندۇد.

خەراباتۇ مۇناجات ئەھلىنىڭ مەتلۇبى سەندۇر سەن،
ماڭا كۆرسەتمەسەڭ يول، نەيلەيىن، قاي سارىدۇر بېھبۇد.

نەۋائى، كەئبە زىكرىن قويكى، بىز دەيرى فەنا ئىستەپ،
زەھەبنا ۋادىيەل-مەقسەد، ۋەجەدنا ماھۇۋەل-مەقسۇد.

-نەۋائى.

ۋەزىن ئايرىمىسى
بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم
مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

«غەزەللەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982-يىل نەشرى، 47-48-بەتلەر.

## تەئەززە

بىر كۈن مېنى ئول قاتىلى مەجنۇن شىئار ئۆلتۈرگۈسى،
ئۈسرۈڭ چىقىپ جەۋلان قىلىپ دىۋانەۋار ئۆلتۈرگۈسى.

گەر زەئف ئىلە ئاجىزلىغىم كۆڭلىغە رەھمى سالىبان،
باشىمغە يەتكەچ سەكرىتىپ بىئىختىيار ئۆلتۈرگۈسى.

ۋەسلى ئارا گەر ئۆلتۈرۈر، جانىمغە يۈزمىڭ شۈكر ئېرۈر،
چۈن قالسام ئاندىن بىر زەمان ھىجرانى زار ئۆلتۈرگۈسى.

ئاشىق بولۇردە بىلمەدىم مەن ناتەۋانى خەستەكىم،
ھەجر ئولسا غەم كۆيدۈرگۈسى، ۋەسل ئولسا يار ئۆلتۈرگۈسى.

مەيدان ئارا، ئەي ئەھلى دىن، كىرمەڭ تەماشاسىغەكىم،
يۈز كۆرمەيىن ئول كافىرى چابۇكسۇۋار ئۆلتۈرگۈسى.

لەئلىڭ زەكاتى، مەي تۇتۇپ تىرگۈزمەسەڭ، ئەي مۇغبەچە،
دەير ئىچرە مەن دىلخەستەنى رەنجۇ خۇمار ئۆلتۈرگۈسى.

# تەئەززە چۈشۈرگىسى

دەرلەر نەۋائى قەتلىغە گۈل-گۈل ئاچىپدۇر ئارەزىن،
كۆرگۈنچە ئانى، ۋايكىم، بۇ خار-خار ئۆلتۈرگۈسى.

-نەۋائى.

ۋەزىن ئايرىمىسى
بەھرى رەجەزى مۇسەممەنى سالىم
مۇستەفئىلۇن مەستەفئىلۇن مەستەفئىلۇن مۇستەفئىلۇن

«غەزەللەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982-يىل نەشرى، 418-419-بەتلەر.

## نۇسخە

ھەر باغدا ئاچىلغان بىرى دەھر ئىچرە سېنىڭدەك گۈل،
ھەم غۇنچە ئېرۇر لەئلىڭ ھەم ھۆققە ئىچىندە مۇل.

بىر سەرۋ ئېرۇر بويۇڭ سەرۋ ئۈزە گۈل روبىڭ،
لەئلىڭنى خەيال ئەتتىم، گۈل شاخىدىكى بۇلبۇل.

ئەختەرمۇ فەلەك ئۈزرە، گەۋھەرمۇ تەبەق ئۈزرە،
سەرگەشتە فەلەك خانى سەدقىڭگە يىغىپدۇر پۇل.

شەمئ ئەۋجىدە يۈزۈڭ ئوت، ئوت ئۈزرە ساچىڭدۇر دۇد،
بوي ئالدى جاھاننى پاك، ئوت ئۈزرە ساچىپ سۇنبۇل.

كۆڭلۈم ئىت ئېرۇر ئانداغ كەتمەس ئىشىكىڭدىنكىم،
زەنجىرى مۇھەببەتدىن بويىنغە سالىپمەن غول.

مەن قەترەۋۇ سەن دەريا، زاتىڭدە فەنا بولسام،
نە ئەيب مېنىڭدەك جۇزۋىم كۆرگەندە دېسە ئەل كول.

كوك خاكى رەھىڭ ئولسۇن، ئاي-كۈن سېپەھىڭ ئولسۇن،
ھەق شاھۇ گەدالارنى چىھرەڭگە قىلىپدۇر قۇل.

سەد بەرگى خەزان رەڭگى، گۈل جىسمىدە قان رەڭگى،
ئاي-كۈندە سامان رەڭگى ئىشقىڭ سىتەمى، ئەي گۈل.

## نۇسخە چۇشۇرگىسى

تەكىيدە ھىسار ئولسۇن گۇمنام [كى] سېنى ئاسراپ،
بەد خاھى رەقىبلەرنى كۆرسە ئوقۇيان نۆرت «قۇل».

-گۇمنام.

ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەب
مەفئۇلۇ مەفائىيلۇن مەفئۇلۇ مەفائىيلۇن

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980-يىل نەشرى، 534-بەت.

## جۇلا

گۈل چاغىدۇر، ئەي ساقى، ۋەقتىنى غەنىمەت بىل،
شول ئاياغىدىن باشغە بىزگە جامى ئىشرەت قىل.

يا بىلمىگىلار، بىلمەڭلەر، ئاڭلاماس مۇنى دەڭلەر،
ئاڭلا بولغۇسى تاڭلا، بۇ كۈننى غەنىمەت بىل.

خۇش كېلۇر ۋىسالى يار، باغ ئارا گۈلۈ گۈلزار،
بولسا بولماسا ئەغيار، يار بىرلە سۆھبەت قىل.

ياردىن جۇدا بولما، غەمگە مۇبتەلا بولما،
شاھ بول، گەدا بولما، گۇشەئى قەنائەت قىل.

نەۋبەتى ۋىسال ئۆتتى، يار فۇرقەتى يەتتى،
يار ئۆتۈپ ئويان كەتتى، تىزراق بول، يۈگۈر، باقىل.

-نەۋبەتى.

«دىۋانى نەۋبەتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى، 65-بەت.

## سەنەم

ھاۋالار تۇمانلاپتۇ،
يىلقىلار قۇلانلاپتۇ.
ئالتۇن قاراكۆز يارىم
نەمىدىن يامانلاپتۇ.

قولىدا تاۋار ياغلىق،
يارنىڭ كۆزىدە ياش بار.
يار كۆڭلى بۆلەك ئىكەن،
باغرىدا قارا تاش بار.

«بۇلاق» ژۇرنىلى 1996-يىل 2-سان.

## چولڭ سەلقە

ئاي ئالدىدا، كۈن كەينىدە،
ھەسرەت ئىچىدە.
كۆيۈۋاتقان ئۇلۇغ ئوتنى
سالدى ئىچىمگە.

كۆيۈۋاتقان ئۇلۇغ ئوتنىڭ
تۈتۈنى يوقتۇر.
يۈرەك-باغرىم كۆيۈپ پۈتتى،
پۈتۈنى يوقتۇر.

چىمچىلىقىمنى قايرىۋەتتى،
قىل بىلەن قىياق.
يۈرىكىمنى ئۆرتىۋەتتى،
دەرد بىلەن پىراق.

سېنىڭ تۆلكەڭ، مېنىڭ تۆلكەم،
سايىنىڭ تۆلكەسى.
كۆيدۈرىدۇ، سۆيدۈرىدۇ،
يارنىڭ كۆلكەسى.

يېشىل-يېشىل تونىنى كىيدىم،
ياقىسى گۈلخان.
سېنىڭ ئاشىق شىرىن سۆزۈڭ
مەيلىمنى ئالغان.

ھەممە كىشى مەندەكمىدۇ
تۇتقان يارىنى.
ئۆز جېنىنى بېرەمدىكىن
ۋاپادارىنى.

«بۇلاق» ژۇرنىلى، ئومۇمىي 21-سان 186-193-بەتلەر.

## كىچىك سەلقە

سەيد بەھرۇ بۇرۇر گەر شاھبازى بولماسا،
مەملەكەت ۋەيران بولۇر شاھنىڭ ئاپازى بولماسا.

چۈن كۆزۈرانى تەبابەتتىن نىچۇك بولغاي خەلاس،
ئەۋلىيا ئەشكىدە تا سوزۇ گۇدازى بولماسا.

ئەربەئىن ئولتۇردى بولغايكىم رىيادىن شەيخلەر،
قول ئاچىپ ھەرگىز دۇئا قىلماس نىيازى بولماسا.

غەفلەت ئىلمىنى بۇ ئىسيان بىرلە يەر يۇتقاي كىمدى،
بىر نەفەس مەردۇ خۇدانىڭكى نامازى بولماسا.

## كىچىك سەلقە چۈشۈرگىسى

ئەي زەلىلى، بۇ نە سۆزدۇر دەپ مېنى ئەيب ئەتمەگىل،
جىلۋە بەرمەيدۇر ھەقىقەتنىڭ مەجازى بولماسا.

-زەلىلى.

ۋەزنى ئايرىمىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف
فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
1980-يىل نەشرى، 352-بەت.

## تەڭكىد

يارەب سەنەمكەدەگە سەجدە ئاشقانە قىلاي،
كى مەنىڭ ئەيلەسە زاھىد، مەن ئانى يانە قىلاي.

قاشىڭ قىلىچى دەمىگە فىدا قىلىپ بۇ كۆڭۈل،
قەبۇل تۇتسەكى قان ياشىن ئاشىيانە قىلاي.

كۆڭۈل ئۆيىنى ئول شۇخقە ئەيلەبان مەئۇدا،
كۆزۈم قارامىن ئانىڭ ئۇقىغە نىشانە قىلاي.

خەيالى زۇلفى پەرىشانىدىن ئېيتىپ تارى،
كۆڭۈل دەھانەسىدە سەۋتى ئاشقانە قىلاي.

كى ھۇسن شۇئلەسىدىنكىم يارۇت كۆزۈڭ، ئەرشى،
كى شامى ھەجرىنى تا سۇبھى سادىقانە قىلاي.

-ئەرشى.

ۋەزنى ئايرىمىسى

بەھرى مۇجتەسسى مۇسەممەنى مەخبۇنى مەقتۇئ
مەفائىلۇن فەئىلاتۇن مەفائىلۇن فەئلۇن

مۇستەھزاد، ئابى چەشمىلەرنى ئېيتقۇچى:
ئابلىز شاكىر، خالىق ھاجى، غېنى راخمان، ئالىمجان غۇپۇر، ئابدۇكې-
رىم ئوسمان، ئاپپاشا ئەيسا، گۈلنىسا، ئابلىز، شانگۇل، ھەمراگۇل.
مۇزىكىسىنى ئورۇندىغۇچى:
ئابدۇكېرىم ئوسمان، ئۆمەر مۇھەممەت، ئابدۇراخمان ئايۇپ، روزىمە-
مەت موسا، غالىپ سىدىق.
تېخنىكا تەھرىرى: رىزۋانگۇل مامۇت
كوررېكتور: مۇھەممەت ئىمىن، دولقۇن قادىر
خەتتات: دولقۇن قادىر

'九五'国家重点音像规划项目



新疆维吾尔自治区木卡姆开发总公司
新疆维吾尔自治区十二木卡姆研究学会
联合录制

民族出版社 出版发行
ISRC CN-M06-97-306-00
版权所有　翻版必